# 93229 ـ دۈغ نەرسىلەر كەلسىمۇ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش توغرىسىدا

**سۇئال**

مەن هازىر پاكلىق هالىتىمدە بولۇپ، مەندىن دۈغ نەرسىلەر كېلىۋاتىدۇ، مۇشۇ هالەتتە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر هازىر كەلگەن دۈغ نەرسىلەر هەيزدىن پاك بولۇشتىن ئىلگىرى كەلگەن بولسا، بۇ هەيز هېسابلىنىدۇ، بۇنداق هالەتتە ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش توغرا بولمايدۇ. ئەمما بۇ دۈغ نەرسىلەر هەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن كەلگەن بولسا، بۇ هەيز هېسابلانمايدۇ، ناماز ۋە روزىدىن چەكلىمەيدۇ. ["شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى"10-توم 208-بەت].

ئەگەر بۇ دۈغ ياكى سېرىق نەرسىلەر هەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن كەلگەن بولسا، هەيز هېسابلانمايدۇ بەلكى بۇنىڭ هۆكمى ئىستىهازىنىڭ هۆكمىدە بولىدۇ، بۇنداق نەرسىلەر كەلگەن ۋاقىتتا ئىستىنجا قىلىپ، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتىسىز، بۇنى هەيز هېسابلىمايسىز، يولدىشىڭىزغا هالال بولىسىز، بۇ توغرىدا ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋرىدە، هەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن كەلگەن دۈغ ۋە سېرىق نەرسىلەرنى ئېتىبارغا ئالمايتتۇق. [بۇخارى رىۋايىتى 320-هەدىس].

بۇ هەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 50430-50059ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىڭىز.

سىز دۈغ ۋە سېرىق نەرسىلەر كەلسىمۇ مەسچىتتە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇسىڭىز گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن بۇنىڭ شەرتى: سىز هەيزدىن پاك بولغانلىقىڭىزغا تولۇق ئىشەنچ قىلىشىڭىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا هەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.